# 12363 - جىنازا نامىزى ئوقۇش ئۇسۇلى توغرىسىدا

## سوئال

جىنازا نامىزىنى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن بايان قىلىنغانغا ئوخشاش ئۇسۇلدا ئوقۇشنى روشەنلەشتۈرۈپ بېرىشىڭلارنى سورايمەن؟. چۈنكى كۆپچىلىك كىشىلەر بۇنى بىلمەيدىكەن؟.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

جىنازا نامىزى ئوقۇش ئۇسۇلىنى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بايان قىلىپ بەرگەن، ساھابىلاردىنمۇ بايان قىلىنغان بولۇپ، جىنازا نامىزىغا بىرىنچى قېتىم تەكبىر ئېيتىلىپ ئەئۇزۇ ۋە بىسمىللانى ئوقۇپ ئاندىن پاتىھە سۈرىسىنى ۋە بەزى سۈرە ياكى ئايەتلەرنى ئوقۇيدۇ، ئاندىن ئىككىنچى تەكبىرنى ئېيتىپ خۇددى نامازنىڭ ئاخىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت-سالام يوللىغاندەك دۇرۇت-سالام يوللايدۇ، ئاندىن ئۈچىنچى تەكبىرنى ئېيتىپ مېيىت ئۈچۈن دۇئا قىلىدۇ، بۇ دۇئانى ئوقۇش ياخشى بولىدۇ: «ئى ئاللاھ! بىزنىڭ ھاياتلىرىمىزنى، ۋاپات بولغانلىرىمىزنى، ھازىر بولغان ۋە ھازىر بولمىغانلىرىمىزنى، ئەر-ئاياللىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن. ئى ئاللاھ! بىزدىن كىمنى تىرىك قالدۇرساڭ ئىسلامدا تىرىك قالدۇرغىن، كىمنى ۋاپات تاپقۇزساڭ ئىمان بىلەن ۋاپات تاپقۇزغىن. ئى ئاللاھ! مۇشۇ ۋاپات بولغان كىشىنى مەغپىرەت قىلغىن، رەھىم قىلغىن، سالامەت قىلغىن، ئەپۇ قىلغىن، ئۇنىڭ چۈشىدىغان ئورنىنى ئېسىل قىلغىن، كىرىدىغان ئورنىنى كەڭرى قىلغىن، ئۇ كىشىنىڭ خاتالىقلىرىنى خۇددى ئاق كىيىمنى كىردىن پاك قىلغاندەك، سۇ بىلەن، قار بىلەن ۋە مۆلدۈر بىلەن پاك قىلغىن. ئى ئاللاھ! ئۆزىنىڭ تۇرالغۇسىغا ياخشى بولغان تۇرالغۇنى، ئەھلىگە ياخشى بولغان ئەھلىنى ئالماشتۇرۇپ بەرگىن. ئى ئاللاھ! ئۇ كىشىنى جەننەتكە كىرگۈزگىن، قەبرە ئازابىدىن ۋە دوزاخ ئازابىدىن يىراق قىلغىن، قەبرىسىنى كەڭرى ۋە نۇرلۇق قىلغىن. ئى ئاللاھ! بىزنى ئۇنىڭ ئەجرىدىن مەھرۇم قىلمىغىن، ئۇنىڭدىن كېيىن بىزنى ئازدۇرۇۋەتمىگىن» مۇشۇنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام قىلغان دۇئالاردۇر. ئەگەر بۇنىڭدىن باشقا دۇئالارنى قىلسىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن: «ئى ئاللاھ! ئەگەر ئۇ كىشى ياخشى بولسا، ياخشىلىقىنى زىيادە قىلغىن، ئەگەر ياخشى بولمىسا، خاتالىقلىرىنى ئەپۇ قىلىۋەتكىن. ئى ئاللاھ! ئۇ كىشىنى مەغپىرەت قىلغىن، تەۋھىد كەلىمىسى بىلەن مۇستەھكەم قىلغىن»، ئاندىن تۆتىنچى تەكبىر ئېيتىپ بىر ئاز تۇرۇپ (ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھ) دەپ ئوڭ تەرەپكە سالام بېرىدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.